# مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ، مەيدىسىگە قويدى

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە دەيدىكى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ، مەيدىسىگە قويدى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى خۇزەيمە"سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى» ئەگەر قول دېگەن سۆز ئايرىم كەلسە، ئۇنىڭدىن ئالقان مەقسەت» قىلىنىدۇ، بۇ يەردىمۇ ئالقان مەقسەت قىلىنغان. بۇ گەپنى، ئەبۇ داۋۇت ۋە نەسائى قاتارلىق ئىماملار كەلتۈرگەن ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا: «ئاندىن، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى، بېغىشى ۋە بىلىكىگە قويدى». بېغىش، دېگەن: بىلەك بىلەن ئالقاننىڭ ئارىلىقىدىكى بوغۇم. مەيدىسىگە، دېگەن: ئۇ نامازدا قىيامدا تۇرغاندا، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۇ ئىككىسىنى مەيدىسىگە قويغان ھالەتتە قىيامدا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10909

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee